# 353999 ـ باشقا بىر دۆلەتكە كىرىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش توغرىسىدا

## سۇئال

مەن مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئەلچىخانىسىغا چىقىپ ئىپادە بىلدۈرمەكچى، مەن ئۇ دۆلەتكە بېرىش ئۈچۈن باشقىلارغا زىيىنى بولمىغان، ئۆزۈمگە پايدىلىق بولغان يالغان سۆزلەرنى دېمىسەم، ئۇ دۆلەتكە بارالمايمەن، مەن ئۇلارغا: مېنى سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارنىڭ پالانى شەھىرىدىكى پالانى دوستۇم مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن زىيارەتكە دەۋەت قىلغانتى دەيمەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ يەردە مېنىڭ ھېچ دوستۇم يوق، مەن پەقەت شۇ يەرگە بېرىۋېلىشنى مەقسەت قىلىمەن، مۇشۇنداق ھالەتتە يالغان سۆزلىسەم توغرا بولامدۇ؟ بۇ شەكىلدە سەپەر قىلىپ ئۇ دۆلەتكە بېرىپ، ئىش تېپىپ ئىشلىسەم توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: مەلۇم ھالەتلەردىن باشقا ھەر قانداق ئەھۋالدا يالغان سۆزلەش چەكلىنىدۇ، يالغان سۆزلىگۈچى ئەيىبلىنىدۇ، سىزنىڭ ھالىتىڭىز يالغان سۆزلىسە توغرا بولىدىغان ھالەت ئەمەس، چۈنكى ئۇ باشقا بىر دۆلەتنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولىدىغان ئىش ئىكەن، چۈنكى ھەر بىر دۆلەت ئۆز دۆلىتىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىش ئۈچۈن مەلۇم شەرتلەرنى قويىدۇ، بۇنىڭدا يالغان سۆزلەش ۋە ھىيلە ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ.

مانا بۇ يالغان سۆزلەشنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەسلى قائىدىدۇر. بەزى ھالەتلەردە يالغان سۆزلىسە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پەتىۋالار بار. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن راستچىللىق ـ سەمىمىيلىك ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە يېتەكلەيدۇ، ئىنسان دائىم راست سۆزلەيدىكەن راستچىل دەپ سۈپەتلىنىدۇ، ھەقىقەتەن يالغانچىلىق ناچار ـ بۇزۇق ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ، ناچار ـ بۇزۇق ئىشلار جەھەننەمگە يېتەكلەيدۇ، ئىنسان دائىم يالغان سۆزلەيدىكەن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ». [بۇخارى رىۋايىتى 5629–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 4719–ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھىيلە ـ مىكىر قىلغۇچى ۋە باشقىلارنى ئالدىغۇچى جەھەننەمدە بولىدۇ.» [بەيھەقى"شۇئەبىل ئىماندا" كەلتۈرگەن، شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى" 6725–ھەدىس.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا: باشقىلارنى ئالدىغۇچى جەھەننەمدە بولىدۇ دېگەن سۆزگە ئالاقىدار مۇنۇ سۆزنى كەلتۈرگەن: كىمكى بىز بۇيرۇمىغان ياكى قىلمىغان ئىشلارنى دىنى ئىشلاردىن دەپ قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ».

ئىككىنچى: بىر كىشى چەكلەنگەن يالغان سۆزلەرنى قىلىپ باشقا بىر دۆلەتكە كىرىپ ئاندىن ئۇ يەردە ھالال ئىش تېپىپ ئىشلىگەن بولسا، قىلغان ئىشى ھارام بولمايدۇ، ئەمما ئىش ئىگىسى بۇ يەردە ئىشلىگۈچىلەر دۆلەتكە قانۇنى يول بىلەن كىرگەن بولىشى كېرەك دېگەننى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ يەردىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ يالغان سۆزلەش توغرا بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.